# «ئىككىدە قىلچە تەۋرەنمەسلىك»تە چىڭ تۇرۇپ، پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى زاتلارنى پارتىيەنىڭ ئەتراپىغا ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا چىڭ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشى كېرەك.

مەملىكەتلىك پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتى يىغىنى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى يەتكۈزۈلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركەز بىرلىك سەپ خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ ياڭ يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، سىياسىي يۈكسەكلىكتىن يېڭى دەۋردىكى پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئىشىنىش، ئىتتىپاقلىشىش، مۇلازىمەت قىلىش، يېتەكلەش، تەربىيەلەش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى زاتلارنى «ئىككىدە قىلچە تەۋرەنمەسلىك»نى مۇكەممەل، توغرا چۈشىنىشكە يېتەكلەپ، تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئۇلارنى پارتىيەنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ ياخشى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

ۋاڭ ياڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتىدە نۇقتا كۆپ، دائىرە كەڭ، لىنىيە ئۇزۇن، ھەر دەرىجىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا ئورۇنلار پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەركىم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، كۆپچىلىك ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچىنى ئىشقا سېلىشى كېرەك. پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى زاتلار ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، ئۆزىنى تەربىيەلەش، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈشنى كۈچەيتىپ، شەخسنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقىدىن كېلىدىغانلىقى، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلۇغ دەۋر، ئۇلۇغ ئىشلار، ئۇلۇغ پارتىيەدىن كېلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى سىياسىي جەھەتتە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش، ئىدىيە جەھەتتە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش، ھېسسىيات جەھەتتە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى كۈچەيتىشى كېرەك. پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى زاتلارنى ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى تۇرغۇزۇپ، كەسىپ ئارقىلىق ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش، ئوقەتچىلىك ئارقىلىق دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى ئۆز ۋەزىپىسى قىلىپ، كارخانىچىلار روھى ۋە ھۈنەرۋەن روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، شەرەپلىك ئىشلار ۋە نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشكە پائال قاتنىشىپ، ۋەتەننى سۆيۈپ كەسىپنى قەدىرلەش، قانۇنغا رىئايە قىلىپ تىجارەت قىلىش، ئىگىلىك تىكلەپ يېڭىلىق يارىتىش، جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇشقا يېتەكلەش كېرەك. پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى ۋەكىللىك زاتلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، ساپانى ئۆستۈرۈش، قۇرۇلمىنى ئەلالاشتۇرۇش، رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى نىشان قىلىپ، ئۇنىۋېرسال باھالاش خىزمىتىنى ياخشىلاپ، ياش بىر ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە ئارزۇ ـ تەلپىنى دەل ۋاقتىدا ئىگىلەپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش سىياسەت تەدبىرلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقلارنى توغرا تونۇپ ۋە يېڭىپ، تەرەققىيات ئىشەنچىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىش كېرەك. يېقىن، پاك ھۆكۈمەت ـ سودىگەرلەر مۇناسىۋىتى ئورنىتىش تەلپى بويىچە، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنىڭ ئالاقىلىشىش، كېڭىشىش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كادىرلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىشقا، ئالدىغا ئۆتۈپ مۇلازىمەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، «يېقىن»لىقنىڭ چېكى بولۇش، «پاك»لىقنىڭ نەتىجىسى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگوچە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىنى پائال يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى يوۋ چۈەن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: ھەر دەرىجىلىك بىرلىك سەپ تارماقلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، دىققەتنى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى تىرىشىپ يارىتىشى كېرەك.

مەركەز تور ئۇچۇر ئىشخانىسى، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، جېجياڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىدىكى مەسئۇل يولداشلار، ئالاقىدار پۇقراۋى كارخانىچىلار ۋەكىللىرى پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى گاۋ يۈنلۇڭ يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى، ئالاقىدار خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى. ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىدىكى مەسئۇل يولداشلار شۆبە يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭى دەۋرنىڭ تەلپىگە ماس كېلىدىغان جۇڭگو ـ ياپونىيە مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا پائال تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىگە بەخت يارىتىپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

شۇ كۈنى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ تېلېگراما ئەۋەتىپ، جيەن يوشىھىدېنىڭ ياپونىيەنىڭ باش ۋەزىرلىكىگە سايلانغانلىقىنى تەبرىكلەپ مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپ ياپونىيە تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى دوستانە ئالماشتۇرۇشى ۋە ئەمەلىي ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە يېڭى، تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئورتاق تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چوڭقۇر ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتىدىن شەكىللەنگەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنىڭ ئىدىيەۋى ئىچكى يادروسى.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئائىلە دۆلەت قارىشى جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ 5000 يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىشىدىكى تىرەك، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىگە ۋارىسلىق قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مەنىۋى روھ. يېقىنقى زامان تارىخىدا، قويۇق ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى بولغاچقا، سانسىزلىغان ئىرادىلىك زاتلار ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، مىللەتنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ، مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈردى؛ چوڭقۇر ئائىلە دۆلەت مەسئۇلىيىتى بولغاچقا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت زور ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى؛ كۈچلۈك ئائىلە دۆلەت مەسئۇلىيەتچانلىقى بولغاچقا، يۈز مىليونلىغان خەلق بىر جۈپ قولى ۋە قان ـ تەرى بىلەن ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان جۇڭگونى، ھەيۋەتلىك جۇڭگونى قۇردى.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: تارىخ ئاسمىنىدا، ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتىنىڭ شانلىق نۇرى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ؛ ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن ئېقىنىدا، ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتىنىڭ مەنبەسى ئۈزۈلمەيدۇ. بىز ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتىنى ئىشەنچنى چىڭ ساقلاشقا سىڭدۈرۈپ، ئاددىي ئىش ئورنىغا قويۇپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا يۇغۇرايلى. خۇاڭخې دەرياسى ئىسپات، چاڭجياڭ دەرياسى گۇۋاھ، بىز 5000 يىللىق مەدەنىيلىكنىڭ گۈللىنىشكە قاراپ مېڭىش مەسئۇلىيىتىنى زىممىمىزگە ئېلىۋاتىمىز، بىز جەزمەن يېڭى دەۋردىكى جۇڭگونىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق كەلگۈسىنى يارىتىمىز!

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خۇيجيا دەۋر مەيدانىدا، چېن چۈەنگو كارخانا مەسئۇللىرى، سودىگەرلەر ۋە مال سېتىۋېلىش، ئىستېمال قىلىش ئۈچۈن كەلگەن شەھەر ئاھالىلىرى بىلەن سەممىمىي پاراڭلىشىپ، بازار تەمىناتى، تاۋار باھاسى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سورىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، ئىستېمالچىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قوزغاپ، تەمىنلەش سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئىستېمال ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىش كېرەك.

چېن چۈەنگو يەنە ھەر مىللەت ئاممىسىنى ھەقسىز يايما ئورنى بىلەن تەمىنلىگەن تىيانشان شىمىن خەلققە قولاي بازىرىغا كېلىپ، ھەر مىللەت سودىگەرلەر، باشقۇرغۇچى خادىملاردىن تىجارەت كىرىمى، بازار باشقۇرۇش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: پائال سۇپا قۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، جانلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش؛ ھېسسىيات بىلەن، مەسئۇلىيەت بىلەن مۇلازىمەت باشقۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سەھىيە ۋە ئوت ئۆچۈرۈش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك پۇقرالار بازىرىنى خەلققە تېخىمۇ قولايلىق، خەلققە تېخىمۇ پايدىلىق، خەلققە تېخىمۇ نەپ يەتكۈزىدىغان قىلىش كېرەك.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا، چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىلچە بوشاشماي دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش ئالدىنقى شەرتىدە، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بېسىمنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىشتە تېخىمۇ چوڭ قەدەم تاشلاش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىمىلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى تېزلىتىپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىقتىسادنىڭ ئېشىش يوشۇرۇن كۈچىنى چوڭقۇر قېزىپ، سېلىنما، ئىستېمال، ئېكسپورتنىڭ ماسلىشىپ كۈچىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نۇقتىلىق تۈر ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى چۆرىدەپ ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى كېڭەيتىپ، ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى قەتئىي يولغا قويۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك. بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ كارخانىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇھىم ئامىل كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك كارخانىلار، بولۇپمۇ كىچىك، ئۆششاق كارخانىلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ تەرەققىيات ئىشەنچى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنى كۈچەيتىش كېرەك. تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ماسلىشىشچانلىق، قاراتمىلىقنى كۈچەيتىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى ئازايتىپ، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، كىرىش بوسۇغىسىنى تۆۋەنلىتىپ، ئادىل رىقابەتنى قوغداپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇش كېرەك. مۇلازىمەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ ئۆستۈرۈپ، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، كارخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دەل جايىدا مۇلازىمەت قىلىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىپ، كارخانىلارنىڭ، تىجارەتچىلەرنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۈكنى يېنىكلىتىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشنى تەڭ قوللىنىپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا تۇتۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشنى كۆپ يوللار ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. جەمئىيەت مۇقىملىقىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، قىلچە تەۋرەنمەي مۇقىملىقنى قوغداش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۇ خېرۇڭ، جاۋ چىڭ قاتارلىقلار بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ ئومۇمىي پىرىنسىپ قىسمى ۋە ھەرقايسى بۆلەك قىسىملىرىدىكى ئىگىلەشكە تېگىشلىك يادرولۇق مۇھىم مەزمۇن ۋە نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى تەپسىلىي بايان قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى يېڭى جۇڭگودىكى قانۇن دەستۇرى نامى بىلەن ئاتالغان تۇنجى قانۇن، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى مۇھىم بەلگە خاراكتېرلىك قانۇن چىقىرىش بولۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش، يېڭى دەۋردىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. ھۆكۈمەت ۋە ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى تارماقلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانى، بولۇپمۇ ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى ئۆز ئىچىگە ئالغان قانۇنچىللىق روھى ۋە يادرولۇق مۇھىم مەزمۇننى توغرا ئىگىلەپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىدىكى تۈرلۈك بەلگىلىمە، تەلەپلەرنى ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا كىرگۈزۈپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، ئاساسىي پىرىنسىپى ۋە ئاساسىي مەزمۇنىنى ياخشى تەشۋىق قىلىپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئاممىغا يېقىنلاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدۇرۇپ، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى يولغا قويۇشنى پۇرسەت بىلىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇش كېرەك. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى مەمۇرىي تەدبىر بەلگىلەش، مەمۇرىي باشقۇرۇش، مەمۇرىي نازارەت قىلىشتىكى مۇھىم ئۆلچەم قىلىپ، قانۇن تۈزۈش، تۈزىتىش كىرگۈزۈش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئىزاھلاش خىزمىتىنى ۋاقتىدا ياخشى ئىشلەپ، مۇناسىپ قائىدە ـ تۈزۈملەرنى يېڭىلاپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى ئېنىق بولغان، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزىدىغان يۇقىرى سەۋىيەلىك ھۆكۈمەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ روھىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇش كېرەك. خەلقئارا، دۆلەت ئىچىدىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى ئۆلچىمىگە سېلىشتۇرۇپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ماكرولۇق سىياسەتنى يولغا قويۇشنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ۋە دەل جايىدا بولۇشىنى ئۆستۈرۈپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۈزلۈكسىز قوزغىتىش كېرەك. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېزلىتىش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىدىن پايدىلىنىپ خەلقنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش، زىددىيەت ـ ماجىرالارنى پەسەيتىپ ـ تۈگىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنى كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشقا قاتنىشىشقا پائال يېتەكلەش، قوللاش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى فۇنكسىيەلىك رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر شەۋكەت ئىمىن ئۆگىنىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلپى بويىچە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئاساسىي ماھارەت ۋە زۆرۈر دەرسلىك قىلىشنى پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، ۋاقتىدا يېتىشىپ ئۆگىنىپ، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىپ ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىپ، ھەقىقىي تۈردە چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەتراپلىق ئىگىلەپ، سەممىيلىك بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. سىجىل، چوڭقۇر نەزەرىيە ئۆگىنىش ۋە ئىدىيەنى قوراللاندۇرۇش ئارقىلىق، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي تەرەققىيات يولىدا مېڭىش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى كۆزلەش نۇقتىسى ۋە كۈچەش نۇقتىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش نىشاننى چۆرىدەپ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى پىلانلاپ، قانات يايدۇرۇپ، ئالغا سىلجىتىپ، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ئۆلچەيدىغان باش ئۆلچەم قىلىش كېرەك. نىزام چىقىرىش خىزمىتى مېخانىزمى ۋە تەرتىپىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يەرلىك نىزام چىقىرىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك؛ پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن نازارەتچىلىك خىزمەت ھوقۇقىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، تولۇق پايدىلىنىپ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ قاتتىقلىقى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەكىللەر خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش كېرەك؛ پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك.

جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۇڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ ئۆگىنىش يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سۆز قىلدى.